ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

پەن تەتقىقاتنى قىزىقىشقا ئايلاندۇرۇش مەھسۇلاتنى دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىرىش

—— شىنجاڭ كېلى يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر، قوشۇمچە باش دىرېكتور جاۋ بو توغرىسىدا خاتىرە

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

☐ مۇخبىرىمىز شىي خۇيبيەن

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، خام نېفىتنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان تەجرىبىخانىدا، شىنجاڭ كېلى يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر، قوشۇمچە باش دىرېكتور جاۋ بو يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى خې چېڭزۇ بىلەن يېڭى تۈرنىڭ تەجرىبە ئۇسۇلى توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىۋاتقان بولۇپ، ئىككىيلەن پاراڭلاشقاچ قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى سىزىۋاتاتتى.

بۇنداق كۆرۈنۈش جاۋ بونىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بولۇپ، ۋاقتى بولسىلا، ئۇ تەجرىبىخانىغا چۆكۈپ، تەجرىبە ئىشلەپ، دوكلات يېزىپ، نۇرغۇن پەن تەتقىقات قىيىن مەسىلىلىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ھەل قىلدى، ئۇ يەنە كارخانا تەرەققىياتى، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى تۈزۈم ئۆزگەرتىلگەن دەسلەپكى چاغلاردىكى 25 مىليون يۈەندىن 260 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى.

■ بىرىنچى سەپتە يىلتىز تارتىپ، كۆپ تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسىگە ئېرىشىش

1984 - يىلى، جاۋ بو شىنەن نېفىت داشۆسى نېفىتلىك - خىمىيە كەسپىنى پۈتكۈزدى، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ نېفىت تەكشۈرۈش - لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىنىپ، ئاساسلىقى نېفىتلىكتە سۇنى بىر تەرەپ قىلىش، خام نېفىتنى سۇسىزلاندۇرۇش ھەم نېفىت قۇدۇقىنى چىرىشتىن ساقلاش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

2004 - يىلى، شىنجاڭ نېفىت تەكشۈرۈش - لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقات ئورنى پۈتۈن گەۋدە بويىچە تۈزۈم ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ كېلى يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بولۇپ قۇرۇلۇپ، جاۋ بو شىركەتنىڭ باش مۇدىرى، قوشۇمچە باش دىرېكتورى بولدى، ئۇ بىر تەرەپتىن پەن تەتقىقات كوللېكتىپىنى يېتەكلەپ نېفىتلىك تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلدى، بىر تەرەپتىن مەھسۇلات ئىشلەپ، بازار ئېچىپ، شىركەتنىڭ پەن تەتقىقات، سانائەت، سودا، مۇلازىمەت بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىركەت جەمئىي 15 تۈردە كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، 36 تۈرلۈك يېڭىچە پاتېنتنى ئەمەلىي قوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۈرلۈك پاتېنت دۆلەت كەشپىيات كۆرگەزمىسى ئالتۇن مۇكاپاتىغا ۋە مىس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ نېفىتلىكتە يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىدا پاتېنت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئايلاندۇردى.

«پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتا بىرىنچى سەپكە بېرىپ، نەق مەيداننى چۈشەنگەن، تېخنىكا ئېھتىياجىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن قىممىتى بار مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ چىققىلى بولىدۇ» دېدى جاۋ بو. 35 يىلدىن بۇيان، جاۋ بو باشتىن - ئاخىر پەن تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى سېپىدە يىلتىز تارتىشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن تەتقىقات ئۆمىكىنى باشلاپ ئۈزلۈكسىز ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى تۈردە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، ئالتە تۈردە شەھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، 5 - نۆۋەتلىك قاراماي بويىچە پەن - تېخنىكىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقۇچى، قاراماي نېفىت - خىمىيە سانائىتى كەسپىي نېفىت شەھىرى مۇتەخەسسىسى قاتارلىق نامىلارغا ئېرىشتى.

■ ئابۇنچىلارنىڭ ئېھتىياجى شىركەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ

«باشتىن - ئاخىر خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خېرىدارلارنى رازى قىلىشنى شىركەتنىڭ سىجىل يېڭىلىق يارىتىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلدۇق» دېدى جاۋ بو. خېرىدارلارغا تېخنىكا ياكى مەھسۇلاتلارنى سېتىشتا يېڭى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، جاۋ بو بىرىنچى ۋاقىتتا پەن تەتقىقات كوللېكتىپى قۇرۇپ، بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن يېڭى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىگە ھۇجۇم قىلىپ ھەل قىلدى.

2017 - يىلى 4 - ئايدا، شىركەتنىڭ نېفىتلىكتىكى تۇزلۇق كېرەكسىز سۇنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش تۈرى رەسمىي يولغا قويۇلدى، تۈرلەردە ساقلانغان تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا جاۋ بو كۆپ قېتىم نەق مەيدانغا چوڭقۇر چۆكۈپ، سۇ بىر تەرەپ قىلىش تۈر گۇرۇپپىسى، ھۈنەر - سەنئەت لايىھەلەش گۇرۇپپىسى، ئۈسكۈنە زاۋۇتى قاتارلىق تارماقلارنى يېتەكلەپ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، خېرىدارلار بىلەن قايتا - قايتا ئالاقىلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، بىيولوگىيەلىك ئۇچراشتۇرۇپ ئوكسىدلاپ بىر تەرەپ قىلىش تېخنولوگىيەسىنى قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللاندى.

كېلى شىركىتى يەنە بېيجىڭ داشۆ، خۇادوڭ نېفىت داشۆسى قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپ ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇقىم بولغان ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ھەمكارلىقى مۇناسىۋىتى ئورناتتى. «كىرگۈزۈش» «چىقىرىش»نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شىركەتتىكى ياش تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى ھەمكارلاشقۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ھەمكارلىشىپ تۈرلەرنى ئېچىپ، شىركەت ئۈچۈن زور مىقداردىكى پەن تەتقىقات ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈردى. «يېڭى بىلىم، يېڭى ماھارەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن خېرىدارلارنى ئەلا سۈپەتلىك تېخنىكا ۋە مۇلازىمەت بىلەن تېخىمۇ ياخشى تەمىنلىگىلى بولىدۇ» دېدى جاۋ بو.

■ ياشلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈپ يېتىشتۈرۈش

جاۋ بونى زىيارەت قىلغاندا، تاسادىپىي ھالدا ئۇنىڭ داشۆدىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى شىنەن نېفىت داشۆسىنىڭ پىروفېسسورى خې چېڭزۇنى ئۇچراتتىم. خې چېڭزۇ بۇ يىل 82 ياشتا بولسىمۇ، روھلۇق - تېتىك بولۇپ، ھەر يىلى چېڭدۇدىن شىنجاڭغا كېلىپ، كېلى شىركىتىگە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىكەن.

جاۋ بونىڭ دېيىشىچە، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ نۇرغۇن تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىپتۇ. جاۋ بونىڭ نەزەرىدە، خې چېڭزۇ ئۇنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن. كۈندىلىك خىزمەتتە، جاۋ بو نۇرغۇن پەن تەتقىقات قىيىن مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن ۋاز كەچمىدى، بۇنداق چىڭ تۇرۇش 30 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خې چېڭزۇ ئېيتقان بىر جۈملە سۆزدىن كەلگەن.

جاۋ بونىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، داشۆنى پۈتكۈزۈشنىڭ ئالدىدا، خې چېڭزۇ ئۇنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزۈش لايىھەسىنى كۆرگەندىن كېيىن، «قەھرىماننىڭ كۆرگەنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى قىلغان، بۇ بىر جۈملە سۆز ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ئىلھام بولغان.

يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىلگىرى قىلغان بىر جۈملە سۆزى جاۋ بونىڭ 35 يىل چىڭ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى، جاۋ بو رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان رولىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. شۇڭا، جاۋ بو ياش پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

2009 - يىلى، جوۋ شاۋشيۇڭ داشۆنى پۈتكۈزۈپ بۇ شىركەتكە كەلدى، دەسلەپتە ئوقۇغان كەسپى بىلەن خىزمىتى ئۇدۇل كەلمىگەچكە، ئۇ تەجرىبە ئىشلەشتە ناھايىتى قىينالدى، قولغا چىققۇدەك پەن تەتقىقات نەتىجىسى يارىتالمىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جاۋ بو ئۇنىڭغا تەتقىقات ئۇسۇلىنى دەپ بېرىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭغا تەجرىبە ئىشلەشنى قولمۇقول ئۆگىتىپ، ئۇنى دادىل سىناق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇنى ئىلگىرى - كېيىن كۆپلىگەن تۈرنىڭ مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلىدى. ھازىر، جوۋ شاۋشيۇڭ بۇ شىركەتنىڭ ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكا تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 2 - بەتتە)

تەستىقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، بىيوروكراتلىقتىن كۈچەپ ساقلىنىپ، پۇختا ھەرىكەت ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە، تولۇق چۈشىنىشكە يەنىمۇ تەشكىللەپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، بولۇپمۇ مەركەزلىك ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىش، ئالماشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەمدە مائارىپ، ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەت قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، مەنبەنى چوڭقۇر قېزىپ، تۈگۈنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرى بويىچە، مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، زېھن ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، يېڭى شۇئار تۇۋلىماي، سۆلەتۋازلىق قىلماي، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى، ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش كېرەك. «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار»نى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە چېنىقىشى، ئىش قىلىش - نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىشى، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، پاك - دۇرۇس، دىيانەتلىك بولۇشتا ئۈلگە بولۇشىغا ھەقىقىي تۈرتكە بولۇپ، روھنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملەپ، دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، باشقىچە خىياللاردا بولماي، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىش، ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيەلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپ پارتكوملىرى، ئالاقىدار ساھە مەسئۇل تارماق پارتگورۇپپا (پارتكوم)لىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش، پۇختىلاش كېرەك. نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىشنى قاتتىق، ئەمەلىي، دەل جايىدا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش، چوڭقۇر، پۇختا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ھەقىقىي تۈردە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيەلەپ چىقىش كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

ليۇ شىڭمىن:

ئىسسىق قېنى بىلەن مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلەش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى (**مۇخبىر يەن شياڭلىك**) شەندۇڭنىڭ يۈنچېڭ ناھىيەسىدە، ئەينى يىلى قان كېچىپ ئوغرىنى تۇتقان قەھرىمان تىلغا ئېلىنسىلا، يۇرتداشلار ھېلىھەم ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايدۇ. 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، خەلق ساقچىسى ليۇ شىڭمىن ئىسسىق قېنى بىلەن ئاممىنىڭ قەلبىدە بىر مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىدى.

ليۇ شىڭمىن 1955 - يىلى 1 - ئايدا شەندۇڭ ئۆلكىسى يۈنچېڭ ناھىيەسى شۈاڭچياۋ يېزىسىنىڭ شۈاڭچياۋ كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

1973 - يىلى ليۇ شىڭمىن ئارمىيەگە قاتنىشىپ قىسمىغا كىرگەن، 1978 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. خىزمەتتە ئاكتىپ، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، ئۇ قىسمىنىڭ ئىككى قېتىم ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن، 1983 - يىلى شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

1986 - يىلى ليۇ شىڭمىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يۈنچېڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىچكى قوغداش بۆلۈمىدە خەلق ساقچىسى بولغان. ئۇ ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە نىسبەتەن يۈكسەك كەسىپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە ئىدى. يۈنچېڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە خىزمەتكە چۈشكەن ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئىدارىدە تۇرالغۇ ئۆي قىس بولغاچقا، ئۇنىڭغا تۇرىدىغان جاي ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولسىمۇ، ئۇ قىلچە ۋايسىماي، ھەر كۈنى ۋېلسىپىت بىلەن 20 كىلومېتىر يول يۈرۈپ يېزىدىكى ئۆيىگە قايتىپ قونغان، بوران چىقىپ يامغۇر ياغسىمۇ، ئەزەلدىن ئىشقا كېچىكمىگەن، بالدۇر قايتمىغان.

1988 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ناھىيە بازىرىدا چوڭ بازار بولۇۋاتقاندا، باشقا جايدىن ئېقىپ كەلگەن يانچۇقچى جاڭ X قىستا - قىستاڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا دېلو سادىر قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان. سائەت 11لەردە، جاڭ X بىر سومكىنى ئوغرىلاپ قاچقان، لېكىن ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئامانلىق ساقلاش ئاكتىپى فەن شياڭجۈن بايقاپ قالغان. فەن شياڭجۈن بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغلاپ، بىر تەرەپتىن يۇقىرى ئاۋازدا: «ئوغرىنى تۇتۇڭلار، ئۇنى تېز توسۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان. جاڭ X پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ۋېلسىپىتنى مىنىپ شىمال تەرەپكە قاچقان.

بۇ چاغدا نەنگۈەنگە ئۇمۇمنىڭ ئىشىنى بېجىرىشكە كېتىۋاتقان ليۇ شىڭمىن ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەستىن جاڭ Xنى قوغلىغان. بازاردا سودا دەل يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىل بولغاچقا، كىشىلەر توپى بەك قىستا - قىستاڭ ئىدى. ئوغرى ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە ئادەمنى سوقۇۋەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر توپى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. ليۇ شىڭمىن ئەگەر ئوغرى قېچىپ كەتسە، كەلگۈسىدە يەنە قانچىلىك ئادەمنىڭ مال - مۈلكى تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن. ئۇ ھوشيارلىق بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئالدىدا ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن ئوغرىغا چىڭ تىكىلىپ، تەخمىنەن 500 مېتىر قوغلاپ بېرىپ ئاخىر يېتىشىۋالغان.

ليۇ شىڭمىن ئېتىلىپ بېرىپ ئوغرىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق ئاۋازدا: «مەن بىلەن ماڭ!» دېگەن. ئوغرى بىرنەچچە قېتىم تىركىشىپمۇ قۇتۇلالماي، ھودۇققان ئىت تامغا سەكرىگەندەك، ئوڭ قولى بىلەن تېزلىكتە پىچاق چىقىرىپ، ليۇ شىڭمىنغا بىرنەچچە قېتىم پىچاق تىققان، ئىسسىق قان ساقچى فورمىسىنى قىپقىزىل بوياۋەتكەن، يەرنىمۇ قىپقىزىل بوياۋەتكەن.

ئۈچىغا چىققان ياۋۇز قارا نىيەت ئالدىدا، ليۇ شىڭمىن شەخسىي بىخەتەرلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان، قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۆز بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىغا تايىنىپ ئوغرىغا ئېسىلىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان، ئوغرى جان - جەھلى بىلەن ئالدىغا سۆرەپ ماڭغان، بىر مېتىر، ئىككى مېتىر، ئۈچ مېتىر... توققۇز مېتىر، دەل بۇ چاغدا، فەن شياڭجۈن يېتىپ كېلىپ، ئاممىنىڭ ياردىمىدە ئوغرىنى تۇتقان.

ليۇ شىڭمىن قان ئۈستىگە يىقىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا، ئۇ ئاللىبۇرۇن گەپ قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان، لېكىن يەنىلا كۈچەپ سول قولىنى كۆتۈرۈپ، ئوغرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى چوقۇم تۇتۇشقا ئىشارەت قىلغان. قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش يولىدا، ليۇ شىڭمىننىڭ يارىسى ئېغىر، قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغان.

«بۇ كۈن ئۆمرۈمدىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن» دېدى ليۇ شىڭمىننىڭ قىزى ليۇ لىن. ليۇ لىن ئۇ چاغدا ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئاپىسىنىڭ قاتتىق ئازابلانغان ھالىتىنى كۆرۈپ، بىر نەرسىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ھېس قىلىپ، توختىماي دادىسىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىغاندى: «ئاپام ماڭا دادامنىڭ باشقا بىر دۇنياغا كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى».

1988 - يىلى 11 - ئايدا، شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ليۇ شىڭمىننى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تەستىقلىدى؛ 1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەردى؛ 1989 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شەندۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى ئۇنىڭغا «قانۇننى قوغدىغۇچى ياش باتۇر» دەپ شەرەپلىك نام بەردى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خېزې ۋىلايەتلىك كومىتېتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈنچېڭ ناھىيەسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇنىڭغا «ياش قەھرىمان» ۋە «نەمۇنىلىك كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

چوڭ بولغاندىن كېيىن، ليۇ لىن بىر خەلق ساقچىسىغا ئايلاندى. «مەن پەخىرلەنگەن ھالدا دادامنىڭ روھىغا تەسەللىي بېرەلەيمەن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۈچ ئۇلاش تايىقى قىزىنىڭ قولىدا ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى. بۈگۈندىكى كۈندە، مەن ئانا بولدۇم، مەنمۇ باللىرىمغا بۇ خىل روھنى يەتكۈزۈپ، بۇ خىل ئائىلە ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خەلق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى ھەرگىز ئۈزۈلدۈرمەي، مەڭگۈ ياشنىتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىمەن!» دېدى ليۇ لىن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)